# ئى ئاللاھ، مەن سىلى بىلەن دوزاخنىڭ پىتنىسىدىن، دوزاخنىڭ ئازابىدىن، بايلىق ۋە كەمبەغەللىكنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بايان قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئى ئاللاھ، مەن سىلى بىلەن دوزاخنىڭ پىتنىسىدىن، دوزاخنىڭ ئازابىدىن، بايلىق ۋە كەمبەغەللىكنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېگەن سۆزلەر بىلەن دۇئا قىلاتتى

سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىبنى ماجە"سۈنەن ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان - [تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان - ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆت ئىشتىن ئاللاھ تائالا بىلەن پاناھ تىلەيتتى. ئۇنىڭ «ئى ئاللاھ مەن سىلى بىلەن دوزاخنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: «دوزاخقا ئېلىپ بارىدىغان پىتنىدىن» دېگەن مەنىدە، ياكى مۇئەككەل مالائىكىلەرنىڭ ئەيىبلەش مەنىسىدىكى سوئالى بولىشىمۇ مۇمكىن. تۆۋەندىكى ئايەت بۇ مەنىدە كەلگەن: «دوزاخقا ھەر قاچان بىر توپ ئادەم تاشلانغان چاغدا، دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەر: سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەر كەلمىگەنمىدى؟ دەپ سورايدۇ» سۈرە مۇلك 8-ئايەت. «دوزاخ ئازابىدىن» دېگەن سۆزى: «دوزىخىلاردىن بولۇپ قىلىشىمدىن» دېگەن مەنىدە، ئۇلار كاپىرلار بولۇپ، شۇلارغا ئازاپ قىلىنىدۇ، ئەمما ئىمان ئېيتقۇچىلار دوزاخقا كىرسىمۇ ئەدەبلىنىش، گۇناھلىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن كىرىدۇ، ئۇ يەردە ئازاپقا قالمايدۇ. «بايلىقنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن» يەنى: چوڭچىلىق، ھەددىدىن ئېشىش، پۇل-مالنى ھارامدىن تېپىش، گۇناھ ئىشلارغا سەرىپ قىلىشتىن، پۇل-مال، يۈز-ئابرۇي بىلەن پەخىرلىنىش، ھارامدىن كۆپ دۇنيا توپلاپ، تېگىشلىك يەرلەرگە سەرىپ قىلماسلىقتىن پاناھ تىلەيمەن دېگەن مەنىدە. «پېقىرلىقتىن» يەنى سەۋىرچانلىق ۋە تەقۋادارلىقنى ئۆزىگە ھەمرا قىلمىغان پېقىرلىقنىڭ زىيىنىدىن پاناھ تىلەيمەن. بۇ ھالدىكى پېقىر كىشى دىندارلىقىقا، ئادەمىگەرچىلىككە توغرا كەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلىپ قالىدۇ، بايلارغا ھەسەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ مېلىدىن تەمە قىلىدۇ، دىنىنى ۋە ئابرۇيىنى خورلاشقا، ئاللاھ تائالانىڭ تەقسىماتىغا رازى بولماسلىقتەك ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدىغان ئىشلارغا سەۋەبچى بولىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/6072